# تۇغانخان I ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قاراخانىلار تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر نەچچە زور ۋەقە

ابۇگى

تۇغانخان I قاراخانىلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خاقان — ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىسى، ئوبۇل. ھەسەن. ئېلى. ئىبنى. مۇسا ئۇنىڭ ئاتىسى ئىدى. مىلادى 988 - يىلى تۇغانخان I نىڭ ئاتىسى يېڭىسارنىڭ شەرقىدە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ. شۇ يىلى تۇغانخان I تەخت ۋارىسى بولغان.

تۇغانخان I نىڭ تولۇق ئىسمى ئەھمەد. ئىبنى. ئېلى. ئۇنىڭ ناسىر. ئىبنى. ئېلى، مەنسۇر. ئىبنى. ئېلى. مۇھەممەد. ئىبنى ئېلى قاتارلىق ئۈچ ئاكا - ئۇكىسى، يەنە يۇسۇپ. ئىبنى. ھەسەن (يەنى قادىرخان). ئەھمەد. ئىبنى. ھەسەن (يەنى ئاتاقلىق تۇغانخان II)، ئېلى. ئىبنى. ھەسەن (يەنى ئېلى تېگىن) قاتارلىق ئۈچ بىر جەمەت ئاغا - ئىنىسى بار ئىدى.

تۇغانخان I تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا بىر نەچچە زور تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇ بىر نەچچە زور ۋەقە تۇغانخان I نى قاراخانىلار تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەسىر تارىخىدىكى مۇھىم شەخسىيگە ئايلاندۇردى.

## 1. قاراخانىلارنىڭ سامانىلار خانلىقىنى يوقىتىشتىكى ئىشتىراك قىلىشى

تۇغانخان I تەخت ۋارىسى بولغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى قاراخانىلارنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. قاراخانىلارنىڭ كۈچلۈك رەقىبى سامانىلار خانلىقى زەئىپلەشكەنىدى، سامانىلار خانلىقى دائىرىسىدە خەزنە خانلىقى قۇرۇلغان ۋە كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان بولۇپ، خانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ھەر ۋاقىت تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. قاراخانىلارمۇ سامانىلار خانلىقىغا بىر قانچە قېتىم زەربە بەرگەنىدى: مىلادى 990 - يىلى، تۇغانخان I نىڭ تاغىسى ھەسەن بۇغراخان سامانىلار خانلىقىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىغا 150 يىل بولغان ئىسپىجاب شەھىرى (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چىمكەنتنىڭ شەرقىگە

15 چاقىردىم كېلىدۇ ) نى قايتۇرۇۋالدى . مىلادى 992 - يىلى ئۇنىڭ تاغىسى يەنە ساماننىلارنىڭ ماسلىششى بىلەن ساماننىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى — بۇخارانى ئىشغال قىلىۋالغانىدى②. مىلادى 996 - يىلى تۇغانخان I نىڭ ئىنىسى ئېلىكخان ( يەنى ناسىر. ئىبنى . ئىلى ) ساماننىلار خانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، ساماننىلار خانلىقىنىڭ خانى نوھ II غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇدتىن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. ۋەقەدىن كېيىن غەزنە خانى مەھمۇد ساماننىلار خانلىقىغا ۋاكالىتەن ئېلىكخان بىلەن قارا خانىلار ساماننىلار خانلىقىنىڭ كاتۋان يايلىقىغىچە بولغان سىر دەرياسى بويلىرىدىكى زېمىنلىرىنى ئىگەللەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ئىمزالىغان③. ساماننىلار خانلىقى غەزنە خانلىقى بىلەن قارا خانىلارنىڭ زەربىسىدە خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغانىدى. مىلادى 999 - يىلى، تۇغانخان I نىڭ ئىنىسى ئېلىكخان ساماننىلار خانلىقى ئوردىسىدا مالىمانچىلىق تۇغۇلغان ۋە يېڭى ھۆكۈمران ئابدۇللا مالىكنىڭ كىچىك، ئىقتىدارسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ساماننىلار خانلىقى دائىرىسىگە ھۇجۇم قىلىپ پايتەخت بۇخارانى ئىشغال قىلغان④. ساماننىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانى ۋە خان جەمەتلىرى قارا خانىلارنىڭ ئۆزكەنت شەھىرىگە يالاپ ئېپكېتىلگەن. ئېلىكخان ساماننىلار خانلىقىغا يۇرۇش قىلغاندا، غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇدمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ساماننىلار خانلىقى زېمىنىنى ئىگەللىۋالغان. ساماننىلار خانلىقى قارا خانىلار بىلەن غەزنە خانلىقىنىڭ زەربىسىدە مۇنقەرز بولغان.

ساماننىلار خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇد قارا خانىلارنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، قارا خانىلارغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. مەھمۇدنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئېلىكخان بىلەن ئامۇ دەرياسىنى ئىككى دۆلەتنىڭ پاسىلى قىلىش، مەھمۇد ئېلىكخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش⑤، ئىناقلىق، دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىككى جەمەت ئۆز ئارا قۇدا - باجا بولۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساماننىلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىشقا ئىشتىراك قىلىش — تۇغانخان I تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن قارا خانىلار تارىخىدا يۈز بەرگەن تۇنجى زور ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2 . غەزنە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش

قارا خانىلار بىلەن غەزنە خانلىقى ئوتتۇرىسىدا چېگرا پاسىلىنىڭ ئايرىلىشى، ئۆز ئارا قۇدا - باجا بولۇشقانلىقى ئىككى تەرەپ ئۆز زېمىنىنىڭ ھازىرقى

ھالىتىگە قانائەتلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيتتى. ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇد قارا خانىلارنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەچكە، قاتتىق تاش بىلەن تۇخۇم سوقۇشتۇرمىغان، بەلكى كېڭەيمىچىلىك نىشانىنى زەئىپلەشكەن ھىندىستانغا قاراتقانىدى. مەھمۇد تەختتە تۇرغان مەزگىل (مىلادى 998 — 1030) دە ھىندىستانغا 17 قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئۇنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئۆز دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى. بۇ، غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇدنىڭ كېڭەيمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قارا خانىلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشى قىلغانىدى. مىلادى 1006-يىلى، ئېلىكخان ئىككى تارماق قوشۇننى باشلاپ غەزنە خانلىقىنىڭ خۇراسان رايونى (ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خۇراسان) غا ھۇجۇم قىلدى. مەھمۇد بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھىندىستاندىن دەرھال غەزنىگە قايتىپ، قارا خانىلار قوشۇنىنى چېكىندۈردى. ئېلىكخان يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، بىر جەمەت تاغىسى يۈسۈپ قادىرخاندىن ياردەم ئېلىپ غەزنە خانلىقىغا تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. مەھمۇد بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا 500 جەڭ پىلىنى قاتناشتۇردى. قارا خانىلارنىڭ ئەسكەرلىرى بۇنداق مەخلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولمىغاچقا، قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى[6]. غەزنە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا ئېلىكخان باشچىلىق قىلغان. تۇغانخان I كېيىن غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇدقا خەت يېزىپ: «بۇ ئۇرۇش مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ئېلان قىلىپ»[7] مەسئۇلىيەتتىن قاچقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەقە تۇغانخان I ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قارا خانىلار تارىخىدا يۈز بەرگەن 2-زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ.

### 3. تۇغانخان I بىلەن ئىنىسى ئېلىكخاننىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشى

تۇغانخان I نىڭ ئىنىسى ئېلىكخان سامانىلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىش كۈرىشىگە ئىشتىراك قىلدى ھەمدە غەزنە خانلىقىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇرۇشتا بەزىدە غەلىبە قىلغان، بەزىدە يېڭىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قارا خانىلاردا ئۇنىڭ تۆھپىسى زور، تەسىرى كۈچلۈك ئىدى. ئېلىكخان تۇغانخان I نى كۆزگە ئىلماي، ھىجرىيە 309 — 401-يىلى (مىلادى 1009/1008 — 1011/1010) پەرغانە، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا قۇيدۇرغان پۇلغا چوڭ خاقان تۇغانخان I نىڭ ئىسمىنى قۇيدۇرمىدى. بۇ، تۇغانخان I بىلەن ئىنىسى ئېلىكخاننىڭ مۇناسىۋىتى ئادا-جۇدا بولۇشنىڭ دەسلىپى بولۇپ قالدى. تۇغانخان I غەزنە خانلىقىنىڭ

خانى مەھمۇدقا خەت يېزىپ: «سەمىمىيىتىنى بىلدۈردى، ئىنىسى ئېلىكخاننىڭ خۇراسانغا ھۇجۇم قىلغانلىق ۋەقەسىگە ئارىلىشىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈردى»، «بۇرۇنقى سەۋەنلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنىسىغىلا دۆڭگەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى» . غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇدنىڭ قاراخانىلارغا قاراتقان سىياسىتى بىر قەدەر سالماق ۋە مۇقىم بولسىمۇ، لېكىن ئىنكاس قايتۇرماي قالمىدى، بەلكى قاراخانىلار ھۆكۈمران سىنىپى ئىچىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرگە ئارىلىشىپ، قاراخانىلارغا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى سىڭدۈردى، پۇرسەت بولسىلا قاراخانىلار تەرەپتىن مەنپەئەتكە ئېرىشتى. بۇنى مەھمۇد ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى بىرمۇنچە ئىشلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قاراخانىلار تەرەپنىڭ مۇراجىئىتىگە مەھمۇد ئىمكانىيەت بولسىلا ھامان ئاۋاز قوشتى. مەھمۇدنىڭ تۇغانخان I تەرەپتە تۇرغانلىقىنى «ئېلىكخان بىلگەندىن كېيىن دەرغەزەبكە كېلىپ، تاغىسى تۇغانخان بىلەن جەڭ قىلىشقا قوشۇن باشلاپ ئاتلاندى، لېكىن، ئۇ ئۆزكەنتكە يېتىپ بارغاندا، قاتتىق قار يېغىپ قوشۇنىنىڭ يۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغاچقا، ئېلىكخان سەمەرقەنتكە قايتتى» . بۇ قېتىم گەرچە ئۇرۇش قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئېلىكخان بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ يەنە غەزنە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى ، «ئۇ خۇراسانغا قايتىپ مەھمۇدتىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، قوراللاندى. ئۇ قادىرخان (يەنى يۈسۈپ قادىرخان) ۋە تۇغانخان (تۇغانخان II) بىلەن خەت ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى»[11]. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئېلىكخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئاغا-ئىنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

ئېلىكخان ئۆلگەندىن كېيىن، تۇغانخان I نىڭ ئورنى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەندى. ئۇ غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇدقا ئەلچى ئەۋەتىپ: «ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئاۋادا سىز ھىندىستانغا يۈرۈش قىلسىڭىز، مەن تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىمەن. ئەگەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىمىزگە ئارىلاشمىساق، مانا بۇ دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ پاكىتى بولىدۇ»[12] دېدى . غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇد بۇ نۇقتىغا ناھايىتى قوشۇلدى. تۇغانخان I بىلەن مەھمۇد ھاسىل قىلغان كېلىشىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ئىككى قۇدرەتلىك دۆلەت ھۆكۈمرانىنىڭ كۈچى تەڭ، ئۆز ئارا تىركەشكەن بولسىمۇ. لېكىن يەنە ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ئورتاق كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 4 . مەنسۇر. ئىبنى. ئىبامىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستى

تۇغانخان I ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇزاققىچە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ 2 ـ ئىنىسى مەنسۇر. ئىبنى. ئېلى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى چوڭ خاقان دەپ ئاتاپ پايتەخت بالاساغۇن ( ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى توقماق ) نى تارتىۋالدى، ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن پۇل قۇيدۇردى. تۇغانخان I مەنسۇر. ئىبنى. ئېلىگە قارشى يۇرۇش قىلدى. ئۇنىڭ بىر جەمەت تاغىسى يۇسۇپ قادىرخان ۋە ئېلى تېگىن قاتارلىقلار تۇغانخان I تەرەپتە تۇردى .

## 5. تۇغانخان I نىڭ غەربىي كىدانلارنىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلىشى

ھىجرىيە 408 ـ يىلى ( مىلادى 1017 — 1018 ) غەربىي كىدان قوشۇنى قارا خانىلار دائىرىسىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا تۇغانخان I « ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان يېتىپ قالغاچقا، ئۇلار ( كىدانلار ) ئۇنىڭ دۆلىتىگە بېسىپ كىرىش ئۈچۈن ھەربىي يۇرۇش قىلغانىدى. بىر قىسىم زىمىننى ئىگەللىۋېلىش، مال-چارۋا ۋە ئەسىرلەرنى ھايداپ كېتىش. بۇ تۈركلەر ( كىدانلارنى كۆرسىتىدۇ ) نىڭ بېسىپ كىرىشتىكى مەقسىتى ئىدى »[1]. كىدانلار بالاساغۇنغا يېتىپ بېرىشقا سەككىز كۈنلۈك يول قالغاندىلا، تۇغانخان بۇنىڭدىن ۋاقىپلانغان. شۇ چاغدا ئۇ دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېسەللىكىگە قارىماي جەڭگە ئاتلانغان. ئۇ« قوشۇننى توپلىغان، باشقا مۇسۇلمانلار رايونىغا خەت ئەۋەتىپ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ 200 مىڭ پىدايى قوبۇل قىلغان ...... تۇغانخان كېسەل تۇرۇپمۇ قوشۇن توپلىغانلىقى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدىكى خەۋەر تۈركلەر ( كىدانلارنى كۆرسىتىدۇ ) گە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز دۆلىتىگە قايتقان » . تۇغانخان I قوشۇن باشلاپ ئىز بېسىپ قوغلىغان. كىدان قوشۇنى قارا خانىلار بىلەن ئارىلىقىمىز ئۇزاپ كەتتى دەپ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرغان چاغدا. تۇغانخان I نىڭ قوشۇنى « تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، 200 مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئەسىر ئالغان، جەڭ ئېتى، چېدىرلارنى غەنىمەت ئالغاندىن باشقا، يەنە چىن دۆلىتىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش ئەسۋابلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن » . تۇغانخان I نۇرغۇن غەنىمەتلەرنى ئېلىپ غەلىبە بىلەن قايتقان. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، كېسەل بىلەن بالاساغۇندا ئۆلگەن .

تۇغانخان I ئىسلام دۇنياسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغاچقا، «ئادىل، ئاقكۆڭۈل، تەقۋادار، مەرىپەت ۋە ئۆز خەلقىنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشى» دەپ تەرىپلەنگەن.

تۇغانخان I قارا خانىلار سۇلالىسىدا تۇنجى قېتىم ئاباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمران. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئۇنۋانى «ھەقىقەتنىڭ غالىبىيەتچىسى ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئادىمى» [18].

تۇغانخان I ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە قارا خانىلاردا يۈز بەرگەن بىر نەچچە زور ۋەقە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارسلار (تاجىكلار) قۇرغان سامانىلار خانلىقىنىڭ تارىخى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى قۇرغان غەزنە خانلىقىنىڭ تارىخى بىلەن، كىدانلار قۇرغان غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ تارىخى ئىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۈبھىسىزكى، تۇغانخان I قارا خانىلار تارىخىدىكى مۇھىم شەخس.

ئىزاھلار:

---

①②⑤⑥⑧⑬⑱ ئومران. پىرتساك «قارا خانىلار تارىخى» (شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان تەرجىمە ئارگىنال).

③⑦⑨⑩⑪⑫⑭⑮⑯⑰ ئىبنى، ئاشىر «تارىخىي ئومۇمىيە» 9 - توم، «قىر-غىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»، 1973 - يىل، موسكۋا پەن نەشرىياتى (رۇسچە)،

④ بوش. سىكىس «ئافغانىستان تارىخى» 1 - توم.

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى